## 32662 ـ ھەج قاچان پەرز قىلىنغان؟

### سۇئال

سوئال: ھەج ئىبادىتى ھىجرىيىنىڭ قايسى يىلى پەرز قىلىنغان؟

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

ھەج ئىبادىتىنىڭ قايسى يىلى پەرز قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئالىملارنىڭ قارىشى بىردەك ئەمەس، بەزىلەر ھىجرىيىنىڭ 5- يىلىدا، بەزىلەر 6- يىلىدا،بەزىلەر 9- يىلىدا يەنە بەزىلەر 10- يىلىدا پەرز قىلىنغان دەيدۇ. كېيىنكى ئىككى قاراش توغرا قاراشتۇر، ئۇ بولسىمۇ ھەجنىڭ ھىجرىيىنىڭ 9-يىلى ياكى 10- يىلىدا پەرز قىلىنغانلىقىدۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى دېگەن ئايىتى بولۇپ، بۇ ئايەت ھەجنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ ۋە شۇنداقلا بۇ ئايەت ھىجرىيىنىڭ 9-يىلىنىڭ ئاخىردا ئەلچىلەر يىلىدا (عام الوفود) چۈشكەن، شۇنىڭدىن ھەج ئىبادىتى ھىجرىيىنىڭ 9-يىلىنىڭ ئاخىردا پەرز بولغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. (زادۇل مەئاد 3- توم 595-بەتكە قارالسۇن)

توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.

ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتى پەتىۋالار توپلىمى 11-توم 10-بەتكە قارالسۇن.